# ئىستىقلال ئاۋازى

ئاۋغۇست 2025
ئومۇمىي 61- سان

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمەكتە



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىشغالىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر تەتقىقات مەركىزى قۇردى
13-بەت

ئامېرىكا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەھسۇلاتلىرى»نىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى
23-بەت

خىتاي بوسنىيەدە قازا قىلغان ئۇيغۇرنىڭ ئىسلامىي دەپنە قىلىنىشىغىمۇ يول قويمىغان
25-بەت

ئىستىقلال
ISTIQLAL

# باش مۇھەررىر



ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

ISTIQLAL

**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

س. تارىم

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى سۇندى

3 شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتى يېڭى رەھبەرلىك قاتلىمىنى سايلاپ چىقتى

4 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن چەت ئەللىك تور مەشھۇرلىرىنى ئىشقا سالدى

5 خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى

7 خىتاي ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە قوللانماقتا

9 تايلاند ھۆكۈمىتى خىتايغا يەنە بىر قېتىم باش ئەگدى

11 شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلانغان بايلىقلار خىتايلارنىڭ غايەت زور ئېھتىياجىنى قامدىماقتا

13 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىشغالىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر تەتقىقات مەركىزى قۇردى

15 خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى ساختا تەشۋىقاتىغا ماسلاشقان ئۇيغۇرلار غەزەپ-نەپرەت قوزغىدى










# مۇندەرىجە


17 ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەكىتلەندى

19 خىتاي «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى»نى خوتەندىكى ساختا قەدىمىي شەھەردە ئۆتكۈزدى

21 5-نۆۋەتلىك «ئۇمىد مۇكاپاتى»نىڭ تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

23 ئامېرىكا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەھسۇلاتلىرى»نىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى

25 خىتاي بوسنىيەدە قازا قىلغان ئۇيغۇرنىڭ ئىسلامىي دەپنە قىلىنىشىغىمۇ يول قويمىغان

27 شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرىنى يېڭىدىن سايلاپ چىقتى

29 قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر مەسچىت قەھۋەخانىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن

31 خىتاي ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» خەلقئارالىق يىغىنىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى

35 خىتاي شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدا قوراللىق مانېۋىر ئۆتكۈزدى

37 كارىكاتۇر



# ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى سۇندى

ئامېرىكىنىڭ ئىككى پالاتاسىدىكى ئىككى پارتىيەگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرى «2025-يىللىق ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى جاۋابكارلىقى ۋە جازالاش قانۇن لايىھەسى»نى سۇنغان بولۇپ، قانۇن لايىھەسىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك جازالاش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى تەلەپ قىلىنغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋرىدە قەيت قىلىنىشىچە، 31-ئىيۇل ئامېرىكا-خىتاي كومپارتىيەسى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئاۋام پالاتا ئەزاسى جون مۇلىنار، پارلامېنتنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى، كېڭەش پالاتا ئەزاسى دان سۇلىۋان ۋە مەزكۇر كومىتېتنىڭ ئورتاق رەئىسى، ئاۋام پالاتا ئەزاسى كرىس سمىس

بىرلىكتە بۇ قانۇن لايىھەسىنى سۇنغان. بۇ لايىھە يەنە بىر تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدە «ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتى قانۇنى»غا ئاساسەن نۆۋەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان جازا تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىش؛ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش ۋە نوپۇس كونترول قىلىشقا چېتىشلىق شەخسلەرگە ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش؛ خىتاينىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ۋە قىين-قىستاقلىرىغا ئۇچرىغان، ھازىر قۇتۇلۇپ چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلارغا داۋالىنىش، پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش؛ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە، باستۇرۇشقا چېتىشلىق شىركەت، ئورگانلاردىن مەھسۇلات سېتىۋالماسلىق؛ خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلىشتەك ساختا تەشۋىقات ۋە يالغان ئۇچۇرلىرىنى پاش قىلىش؛ باستۇرۇشقا ئالاقىدار تەكشۈرۈش، ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى قوللاش... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

جون مۇلىنار بىر باياناتىدا: «خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقى دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى ۋەھشىيلىكىدىن بىرى...» دېگەن. دان سۇلىۋانمۇ: «ئىسپاتلار ئېنىق. خىتاي كومپارتىيەسى مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ھالدا بىر ھەرىكەت باشلاپ، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى ۋەيران قىلدى» دېگەن. كرىس سمىسمۇ: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق تارىخىي خاتىرە ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتە، كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىشتا قوللانغان ۋەھشىيانە ۋاستىلىرى ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ قەبىھ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ» دەپ تەكىتلىگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى جاۋابكارلىقى ۋە جازالاش قانۇن لايىھەسى» ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 2023-يىلى ۋە 2024-يىلىمۇ پارلامېنتقا سۇنۇلغان، ئەمما ئەمما ھېچقايسىسى قانۇن تۈرگۈزۈش باسقۇچىغا كىرەلمىگەن.

# شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتى يېڭى رەھبەرلىك قاتلىمىنى سايلاپ چىقتى

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتى شۇرا ھەيئىتىنىڭ چاقىرىقى ۋە مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى 50 دىن ئارتۇق ۋەكىلىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن، 29-، 30-ئىيۇل كۈنلىرى ئىستانبۇلدا ئىككى كۈنلۈك كېڭەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ نىزامنامىسى كۆزدىن كۆچۈرۈلۈپ، تەشكىلى قۇرۇلمىسى قايتىدىن رەتلەپ چىقىلدى. ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنى بولغان 11 كىشىلىك شۇرا ھەيئىتى ئەركىن سايلام ئارقىلىق قايتا تاللاندى.

يىغىندا ھەرىكەتنىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرى ئاساسىدا نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى تەقەززا قىلىۋاتقان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە يول خەرىتىسى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق ماقۇللاندى.

يىغىندا يەنە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تەقەززاسى ۋە نۆۋەتتىكى كىرىزىسلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم جىددىي قارارلار ماقۇللاندى.

شەرقىي
تۈركىستان
مائارىپ ھەرىكىتى

# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن چەت ئەللىك تور مەشھۇرلىرىنى ئىشقا سالدى




خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش ئۈچۈن ساختا تەشۋىقاتلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن كېڭەيتىۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا ئالاھىدە تەييارلىق قىلىش نامىدا ساختا تەشۋىقاتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەندى. يېقىندا خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى بىر تۈركۈم تور مەشھۇرلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا چاقىرىپ، ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشقا سالغان خىتاي رېجىمى يەنە ياۋروپا ئەللىرىدىن بىر تۈركۈم تور مەشھۇرلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا توپلىدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، يېقىنقى ئاتالمىش «شىنجاڭ خەلقئارا تارقىتىش مەركىزى» بىلەن تەڭرىتاغ تورى ھەمكارلىشىپ، ئاتالمىش «تور مەشھۇرلىرىنىڭ شىنجاڭ تۆت پەسىل ساياھىتى ئىككىنچى پەسلى» نامىدا پائالىيەت تەشكىللىگەن. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، رۇسىيە، كانادا، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 16 تور مەشھۇرى ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئالدىن تەييارلانغان ساختا مەيدانلارنى سۈرەتكە تارتىپ، تۈرلۈك قىسقا ۋىدىيولارنى ئىشلەپ، خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتىغا ماسلاشقان.

خىتاينىڭ چەت ئەللىك ياللانما تور قوشۇنى ئارقىلىق ساختا تەشۋىقاتنى تارقىتىشى ۋە جامائەت پىكرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش قىلمىشى يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

# خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 2-ئاۋغۇستا ئىستانبۇلدا ئومۇمىي سايلام يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەئىس ۋە ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى.

ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر يىغىنغا بىرلىككە ئەزا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئەزالىرى بولۇپ 50 كىشى قاتناشقان بولۇپ، قۇرئان تىلاۋىتىدىن كېيىن بىرلىكنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي بىرلىكنىڭ خىزمەت، پائالىيەتلىرىدىن دوكلات بەردى. كېيىن ۋەكىللەرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى.

سايلام كومىتېتى سايلام قائىدىلىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بىرلىكنىڭ ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرى سايلىمى باشلىنىپ، بېلەت تاشلاندى. سايلامدا نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي باشچىلىقىدىكى توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرى گۇرۇپپىسى كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىپ، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىدارە ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.






سايلام كومىتېتى ئېلان قىلغان سايلام نەتىجىسىگە ئاساسەن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ سابىق مۇۋەققەت رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانى رەسمىي رەئىس بولۇپ سايلاندى. مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئوبۇلقاسىم زەرەپشان ۋە مۇساجان ئەر سايلاندى. بىرلىكنىڭ باش كاتىپلىققا زىكرۇللاھ ئالىم، مالىيە مەسئۇللۇقىغا نىزامىددىن تەمكىنى، ئاياللار ۋە ئائىلە ئىشلىرى مەسئۇللۇقىغا مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم سايلاندى. شۋېتسىيەدىن كېلىپ يىغىنغا قاتناشقان ئىبراھىم يۈسۈپ بىرلىكنىڭ ياۋروپا ۋەكىللىكىگە سايلاندى. ئابدۇسالام تەكلىماكان ۋە مەردان ئۇيغۇر ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

بىرلىكنىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا، سايلام نەتىجىسىگە بىنائەن، يېڭىدىن سايلانغان رەئىس نۇرمۇھەممەد تۈركىستانى ۋە باشقا ئىدارە ھەيئىتى ئەزالىرى 2025-يىلى 4-ئاۋغۇستتىن باشلاپ خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە رەسمىي تۈردە ۋەكىللىك قىلىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىكەن ۋە قانۇنلۇق مەسئۇللىرى دەپ قارىلىدىكەن.












# خىتاي ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە قوللانماقتا

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى كۈچەيتىپ ئىجرا قىلىپلا قالماي، تارىختىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ھىيلىسى بويىچە ئۆسمۈرلەرنى ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتمەكتە.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 دىن ئارتۇق ئۆسمۈرنىڭ يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە تاللىنىپ، بېيجىڭغا ئاپىرىلغانلىقىنى، بۇ جەريانىدا ئۇلارنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانى، سەددىچىن سېپىلى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغانلىقىنى مەخسۇس خەۋەر قىلغان.

خەۋەردە خوتەن ۋىلايىتى چىرا ناھىيەسىدىكى ئون ياشلىق بىر ئۇيغۇر قىز نۇقتىلىق تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى بايراق چىقىرىش مۇراسىمىنى كۆرگىلى بارغانلىقى، بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىكەنلىكى،


بايراق چىقىرىلغاندا كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالمىغانلىقىدەك بايانلار ئورۇن ئالغان.

ختاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىدىن يەنە مەخسۇس خەۋەر ئىشلەپ، مەزكۇر ئۇيغۇر قىزنىڭ تيەنئەنمېن مەيداندىكى بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا ياش تۆككەن كۆرۈنۈشىنىڭ ختاي تور دۇنياسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغانلىقىنى، ختايلارنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان.

ھالبۇكى، ختاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيە، مېڭە يۇيۇش جىنايىتى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلاردا پاش قىلىنىپ كەلمەكتە. جۈملىدىن ختاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ، تۈرلۈك ناملاردا ئاتالغان بالىلار لاگېرلىرىغا قاماش، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقىنى، ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي چەكلەپ، ختاي تىل-يېزىقى، مەدەنىيىتىنى زورلاپ تېڭىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتىمۇ 2020-يىلى دېكابىردىكى بىر خەۋىرىدە ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 500 مىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈكناملار بىلەن پەردازلانغان بالىلار لاگېرىغا يىغىۋېلىنغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. بۇلاردىن سىرت، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان بىر قىسىم سىنلارمۇ بۇ جىنايەتلەرنى دەلىللىمەكتە.






# تايلاند ھۆكۈمىتى

## خىتايغا يەنە بىر قېتىم باش ئەگدى


بۇ يىل فېۋرال ئېيىدا تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ 40 ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي خىتايغا قايتۇرۇشى خىتاينىڭ تايلاندتىكى كۆچىيۋاتقان تەسىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئالدىنقى كۈنلەردە تايلاند پايتەختى باڭكوكتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر سەنئەت كۆرگەزمىسىدە تايلاند ھۆكۈمىتى خىتايغا يەنە بىر قېتىم باش ئەگدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 8-ئاۋغۇست بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان مەخسۇس خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئالدىنقى ھەپتىلەردە باڭكوك سەنئەت-مەدەنىيەت مەركىزىدە دىكتاتور ھۆكۈمەتلەرنى پاش قىلىش باش تېما قىلىنغان بىر خەلقئارالىق سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن. 24-ئىيۇل باشلانغان مەزكۇر كۆرگەزمىدە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭلۇقلارنىڭ باستۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ ئورۇن

ئالغان. ئەمما خىتاينىڭ ئەلچىخانا خادىملىرى ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆرگەزمىنى زىيارەت قىلىپ، خىتايغا قارشى مەزمۇنلار بارلىقىنى بايقىغان ۋە بۇ مەسىلىنىڭ خىتاي-تايلاند دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سېلىپ، كۆرگەزمىنى تاقاشنى تەلەپ قىلغان.

خىتاينىڭ بېسىمى ئاستىدا كۆرگەزمىدىن ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ۋە خوڭكوڭلۇقلارغا ئالاقىدار سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىۋېتىلگەن ياكى ئۇيغۇر، تىبەت سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن. خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، كۆرگەزمىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتنىڭ بايرىقى، شى جىنپىڭنىڭ باش سۈرىتى، خىتاي-ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كارتوچكىلار بار ئىكەن.

دىكتاتور ھاكىمىيەتلەر باش تېما قىلىنغان مەزكۇر كۆرگەزمىنىڭ ئەڭ چوڭ دىكتاتور ھېسابلىنىدىغان خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى، باستۇرۇلۇشى قارا يۇمۇر تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بۇ ۋەقەنىڭ چەت ئەلدىكى سەنئەتكارلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە نىسبەتەن ئەندىشە پەيدا قىلغانلىقى تەكىتلەنمەكتە.






# شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلانغان بايلىقلار

# خىتايلارنىڭ غايەت زور ئېھتىياجىنى قامدىماقتا

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك بايلىقلىرى ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ خىتاي تەرىپىدىن بىر مىنۇتمۇ توختىماي بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، پەقەت تارىم نېفىتلىكىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتقان تەبىئىي گازلا خىتايدىكى نەچچە مىڭلىغان زاۋۇت-كارخانىنىڭ ۋە يېرىم مىليارد خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقتىكەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى بولغان ئاتالمىش «شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيەسى»نىڭ 11-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تالان-تاراجنى پەردازلاش ئۈچۈن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» نامىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىم نېفىتلىكىدىن خىتايغا توشۇلغان تەبىئىي گاز مىقدارى ھازىرغا قەدەر جەمئىي 380 مىليارد كۇب مېتىردىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ بايلىق خىتايدىكى 15 ئۆلكە ۋە شەھەرلەردىكى 3000 دىن ئارتۇق زاۋۇت-كارخانا ۋە 500 مىليون خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغان.

مەزكۇر خەۋەردە ئاتالمىش «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» پىلانى



ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان 21 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە، خىتاي رېجىمىنىڭ تارىم نېفىتلىكىدە 20 گە يېقىن چوڭقۇر ياكى يۇقىرى بېسىملىق قۇدۇقنى يېڭىدىن بۇرغىلاپ چىققانلىقى، بۇلار ئارقىلىق يىلىغا 32 مىليارد كۇب مېتىر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان زور گاز رايونىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى، نۆۋەتتە تارىم نېفىتلىكىنىڭ خىتاينىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسلىق گاز رايونىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

بۇلاردىن سىرت، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان تەبىئي گازنىڭ خىتايغا يەتكۈزۈلۈشى خىتايدىكى مۇھىت بۇلغىنىشنى يېنىكلەتكەن بولۇپ، تارىم نېفىتلىكىدىن خىتايغا توشۇلغان 380 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئي گاز ئەمەلىيەتتە 500 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر كۆيدۈرگەنگە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا 530 مىليون توننا كاربون تۆت ئوكسىدنى ئاز قويۇپ بەرگەنگە باراۋەر ئىكەن.

مەزكۇر غايەت زور تەبىئي بايلىقنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇلاردىن ھېچقانداق مەنپەئەتلىنەلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.




# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىشغالىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر تەتقىقات مەركىزى قۇردى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردا بىر قىسىم تەتقىقات ئورگانلىرىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەپتە ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى»دە شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشقا ئالاقىدار يېڭى بىر تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغان.

خىتاي خەۋەر تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 11-ئاۋغۇست ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بەشىنچى دىۋىزىيەسى»گە قاراشلىق شۇاڭخې شەھىرى بىلەن ئاتالمىش «شىنجاڭ

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى» ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى بەشىنچى دۋزىيە چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش ئىنستىتۇتى»نىڭ يېپىق ئېچىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن.

خەۋەردە بۇ قېتىمقى ھەمكارلىقنىڭ مەقسىتىنىڭ چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تارىخىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش، چېگرا رايون مۇقىملىقىغا يېڭى قوزغاتقۇچ كۈچ قوشۇش ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

ختاي ئەمەلدارلىرى يىغىندا تاڭ سۇلالىسىدىكى ئاتالمىش «شۇۋاڭخې قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»دىن بۈگۈنكى شۇۋاڭخې شەھىرىگىچە بولغان تەجرىبىلەرنى سىستېمىلىق رەتلەپ، ھازىرقى دەۋردىكى چېگرا رايون باشقۇرۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سېلىپ، بۇ تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەمەلىيەتتە ختاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخىنى بۇرمىلاش، نۆۋەتتىكى ئىشغالىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرۇلغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

ختاي بۇ يىل ئاپرېل ئېيىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشاش تۈردىكى بىر تەتقىقات مەركىزى قۇرغان بولۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ ساقچى ئىنستىتۇتى» تەربىيەلەش مەركىزىدە ختاي سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق ئاتالمىش «شىنجاڭنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئىنستىتۇتى» رەسمىي تەسىس قىلىنغانىدى.

يېقىندىن قۇرۇلۇۋاتقان بۇ خىل تەتقىقات ئورگانلىرى ئەمەلىيەتتە ختاينىڭ ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈچەيتىش جىنايەتلىرىنى تەتقىقات كۈچى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

# خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى ساختا تەشۋىقاتىغا ماسلاشقان ئۇيغۇرلار غەزەپ-نەپرەت قوزغىدى



خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى ساختا تەشۋىقات ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىنقى ھەپتە فاتىھ رايونىدا ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان بىر پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، مەزكۇر ساختا تەشۋىقات يىغىلىشىغا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى.

ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق خىتاي باش كونسۇلخانىسىنىڭ ئورگان تور بېتىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر

پائالىيەت 9-ئاۋغۇست ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىغا جايلاشقان ئەلى ئەمىرى ئەپەندى كۇلتۇر مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پائالىيەتكە ھەرقايسى مىللەتتىن بولۇپ 120 كىشىنىڭ قاتناشقانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

پائالىيەتتە ختاينىڭ باش كونسۇلى ۋېي شياۋدۇڭ سۆز قىلىپ، كونسۇلخانىنىڭ ياشلار سالونى ئۆتكۈزۈش، ۋەتەنگە قايتىپ تۇغقان يوقلاشقا تەشكىللەش، باللار ئۈچۈن ختاي تىلى كۇرسلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كونسۇلخانا تارقاتقان سۈرەت ۋە سىندا كۆرستىلىشىچە، پائالىيەتكە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلچە بوشاشتۇرۇلماي ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئەركىن بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ختاينىڭ بۇ ساختا تەشۋىقات جىنايىتىگە ماسلاشقانلىقى، ختاي ئەمەلدارلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى.

ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بۇ ۋەقەگە ئىنكاس بىلدۈرۈپ، مەزكۇر ماڭقۇرتلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ۋەتەنگە، مىللەتكە قىلىنغان خائىنلىق ئىكەنلىكىنى، ختاينىڭ ئۇلاردىن ساختا تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ختاي يېقىنقى بىر-ئىككى يىل مابەينىدە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، چەكلىك ساندىكى تاللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشىغا ياكى چەت ئەلگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلانغانلىقىدەك ساختا كۆرۈنۈشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا. ختاي باش كونسۇلخانىسىنىڭ بۇ قېتىملىق پائالىيەتنى مەخسۇس قىسقا سىن ئىشلەپ ئالاھىدە تەشۋىق قىلىشىمۇ بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بەرمەكتە.




# ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى دوكلاتىدا
# شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق
# تەكىتلەندى

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى يېڭى ئېلان قىلغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ 2024-يىللىق ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ھەققىدىكى دوكلاتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى قايتا تەكىتلەندى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى مەزكۇر دوكلاتىنى 12-ئاۋغۇست ئورگان تور بېتىدە ئېلان قىلغان. دوكلاتتا خىتاي رېجىمىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى نۇقتىلىق تىلغا ئېلىنغان.

دوكلاتتا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئېتنىك، دىنىي توپلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىجرا قىلىۋاتقانلىقى، 2017-يىلدىن تارتىپ ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە جازا لاگېرىغا قامىغانلىقى، خەلققە مېڭە يۇيۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، بالا چۈشۈرگۈزۈش قاتارلىق نوپۇس كونترول سىياسىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇشلىرى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى، ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» سىياسىتى ئارقىلىق خەلقنى ئۆيىدە نازارەت قىلىشى، ئىلغار تېخنىكىلىق بىيولوگىيەلىك پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى كۆزىتىشى، خىتاي ئاقئۇنلىرىنىڭ توختىماي شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىشى قاتارلىق جىنايەتلىرى بايان قىلىنغان.

مەزكۇر يىللىق دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ ئاخبارات ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكىنى چەكلەش، تۇتقۇنلارنى قىيىن-قىستاققا ئېلىش، چەت ئەلدىكى ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.

ئەمما ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا 2024-يىللىق دوكلاتتا خىتاي، رۇسىيە، ئىسرائىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە قارىتىلغان تەنقىدلەر ئازايغان بولۇپ، خۇسۇسەن خىتايغا ئالاقىدار بەت سانى ئىلگىرى يىلدىكىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىگەن.

2021-يىلى 19-يانۋاردا، يەنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك ترامپ ھۆكۈمىتى ۋەزىپە مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان سىستېمىلىق باستۇرۇش جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ ئېلان قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر قىسىم يىغىن ۋە دوكلاتلىرىدا بۇ مەسىلىسىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە.

# خىتاي «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى»نى خوتەندىكى ساختا قەدىمىي شەھەردە ئۆتكۈزدى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى پەردازلاش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى»نىڭ بۇ يىللىقىنى خوتەندىكى سۈنئىي ياساپ چىقىلغان «يوتقان قەدىمىي شەھىرى»دە ئۆتكۈزدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 2025-يىللىق ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تېمىسىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى» خوتەنگە جايلاشقان، خىتاي قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىكى ساختا تارىخىي بىناكارلىق بىلەن قاپلانغان، بىر نەچچە يىل بۇرۇن قۇرۇپ چىقىلغان «يوتقان




قەدىمىي شەھىرى»دە ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىملىق كۆرگەزمىدە «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىق نومۇسسىز ئىبارىلەر باش تېما قىلىنغان.

خەۋەردە بۇ قېتىملىق پائالىيەتنى ختاي مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمەت»نىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىن ۋە ختاينىڭ 25 ئۆلكىسىدىن كەلگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراس تۈرىدىن 435 ى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراس ۋارىسلىرىدىن 383 كىشىنىڭ قاتناشتۇرۇلغانلىقى، كۆرگەزمىنىڭ 19-ئاۋغۇستقىچە داۋاملىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ختاي مەزكۇر كۆرگەزمىنى بەش يىلدىن بۇيان يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتلىرىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئاتالمىش «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى»نىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى ياكى ختاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەنلىكىدەك سەپسەتىنى تەشۋىق قىلىشقا ئورۇنماقتا.

بۇلاردىن سىرت، ختاي پائالىيەتتە باش تېما قىلغان ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» ۋە «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» ئىبارىلىرى كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىۋاتقان غايەت زور تەبىئىي بايلىقلىرى، يېزا-ئىگىلىك، سانائەت مەھسۇلاتلىرى ختاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ جان تومۇرىغا ئايلانغان، ختاينى بېقىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىشى، شۇنداقلا ختايلاردىن پۈتۈنلەي مۇستەقىل، پەرقلىق، شانلىق بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە «مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشى ختاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى پەردازلاشتا، ساختا تەشۋىقاتلىرىنى بازارغا سېلىشتا قانچىلىك نومۇسسىز دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.



# 5-نۆۋەتلىك «ئۈمىد مۇكاپاتى»نىڭ تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

تۈركىيەنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ئىمتىھانىدا (LGS) يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «ئۈمىد مۇكاپاتى»نىڭ 5-نۆۋەتلىك تارقىتىش مۇراسىمى 16-ئاۋغۇست ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەقفى، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىرلىكتە تەسىس قىلغان مەزكۇر مۇكاپاتنىڭ تارقىتىش مۇراسىمى ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىم قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى.

سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن

رەئىسى ئۇستاز مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا، ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى دوكتور ئابدۇرېھىم دۆلەت، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، مۇھاجىرەتتە مائارىپ ساھەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، 5-يىلغا قەدەم قويغان «ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»نىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە توختالدى.

بۇ يىل مەزكۇر مۇكاپاتقا 400 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان جەمئىي 25 ئوقۇغۇچى تىزىملاتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە توققۇز ئوقۇغۇچى 450 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان.

مۇراسىمدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن نۇرئىسلام خوجائوغلى494 نومۇر بىلەن بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئالما مەكبۇك كومپيۇتېرى بىلەن، نۇرۇللاھ ئىلياس ئوغلى ۋە سەيفۇللاھ ئىلياس ئوغلى ئاكا-ئۇكا 475 نومۇر ۋە 467 نومۇر بىلەن ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئاسۇس ماركىلىق خاتىرە كومپيۇتېرى بىلەن، 463 نومۇرغا ئېرىشكەن ئايشە مەھمەت ئوغلى ۋە 461 نومۇرغا ئېرىشكەن فاتىمە تەڭرتاغ ئۈچىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئايپەد بىلەن مۇكاپاتلاندى.

بۇلاردىن سىرت، 450 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان تۆت ئوقۇغۇچى 3000 لىرا نەق پۇل بىلەن، 400 نومۇردىن يۇقىرى ئالغان 16 ئوقۇغۇچى 2000 لىرادىن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى.



# ئامېرىكا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەسۇلاتلىرى»نىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى 2022-يىلى 6-ئايدا رەسمىي ئىجرا قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، كىيىم-كېچەك، پاختا، پەمىدۇر ۋە كۆپ كىرىستاللىق كرېمنىي قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا ئايلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ قانۇننىڭ چەكلەش دائىرىسى پولات-تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىغىچە كېڭەيتىلدى.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى 19-ئاۋغۇست X



ھېسابىدا ئېلان قىلغان باياناتىدا خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان پولات-تۆمۈر، مىس، لىتىي، ناترىي گىدروكسىد ۋە چىلان قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئالدىنقى قاتاردا تەكشۈرۈلىدىغان مەھسۇلاتلار قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق بولغان تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» بويىچە بۇ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنى قاتتىق تەكشۈرىدىكەن.

دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى كىرىستى نوم ئۆزىنىڭX ھېسابىدا ئۇچۇر ھەمبەھىرلەپ: «قۇل ئەمگىكىدىن پايدىلىنىش يىرگىنچلىك ئىش. بىز خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىلىكىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك قىلمىشىنىڭ تەرەققىياتىمىزغا كەلتۈرىدىغان تەھدىتىنى يوقىتىمىز» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» 2022-يىلى 6-ئايدا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى 16700 تۈركۈمدىن ئارتۇق ئىمپورت مالنى تەكشۈرگەن. بۇلارنىڭ قىممىتى 3.7 مىليارد دوللارغا يېتىدىكەن.

بۇلاردىن سىرت، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن، تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەك مەۋجۇت بولغان 144 شىركەت، ئورگاننى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن.

«ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ ئىجرا دائىرىسى دەسلەپتە كىيىم-كېچەك، پاختا، پەمىدۇر ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى تاختىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان كۆپ كىرىستاللىق كىرېمنىيغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەھسۇلاتلىرى» تىزىملىكى بىر نەچچە يىل مابەينىدە ئاستا-ئاستا كېڭەيتىلمەكتە.

# خىتاي بوسنىيەدە قازا قىلغان ئۇيغۇرنىڭ ئىسلامىي دەپنە قىلىنىشىغىمۇ يول قويمىغان

بۇ يىل ماي ئېيىدا بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنانىڭ پايتەختى سارايېۋودا تۇيۇقسىز قازا قىلغان ئەھمەتجان ئەھەتنىڭ ئۆلۈمى ۋە خىتاينىڭ ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا قول تىقىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىغانىدى. يېقىندا ئۇنىڭ خىتاينىڭ ئارىلىشىشى بىلەن دىنسىزلار قەبرىستانلىقىغا ئۇن-تىنسىز كۆمۈۋېتىلىشى ۋە قەبرىسىگە خىتايچە تەلەپپۇزدىكى ئىسمىنىڭ يېزىلىشى يەنە بىر قېتىم غەزەپ-نەپرەت قوزغىدى.

ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان ئەھمەتجان ئەھەتنىڭ بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنادىكى



گۇمانلىق ئۆلۈمدىن كېيىن، ئۇنىڭ مېيىتى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بېسىمى بىلەن ئىككى ئايدىن بۇيان جەسەت ساقلاش ئۆيىدە ساقلىنىپ تۇرغاندى.




ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى 20-ئاۋغۇست بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىشلىگەن بولۇپ، ئەھمەتجان ئەھەتنىڭ سارايېۋودىكى ۋىلاكوۋو قەبرىستانلىقىغا ھېچقانداق دىنىي قائىدىلەرسىز جىمجىت كۆمۈۋېتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر قەبرىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئەمەس ئىكەن. كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان يەنە بىر نۇقتا بولسا، ئۇنىڭ قەبرە تاختىسىغا خىتايچە تەلەپپۇزدىكى «ئەيخەيتى» دېگەن ئىسىم يېزىپ قويۇلغان.

خەۋەردە خىتاينىڭ ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئىسلامىي يوسۇندا دەپنە قىلىشقا




توسالغۇ بولغانلىقى، ئىككى ئايدىن ئارتۇق جەسەت ساقلاش ئۆيىدە ساقلانغاندىن كېيىن، «پوكوپ» ئىسىملىك بىر دەپنە شىركىتى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، بىر كۈندىن كېيىن ئەھمەتجان ئەھەتنىڭ مېيىتىنىڭ شىركەت ئىشچىلىرىدىن باشقا ھېچكىم قاتناشمىغان ھالدا ئۈن-تىنسىز كۆمۈۋېتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

ئەھمەتجان ئەھەتنىڭ گۇمانلىق ئۆلۈمى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان بولۇپ، خۇسۇسەن چېگرا ھالقىپ باستۇرۇش، ئىسلامىي يوسۇندا دەپنە قىلىشقا ئوخشاش پۈتۈن دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش، ئۇيغۇرچە ئىسىم-فامىلىسىنى توغرا ئىشلىتىش ھوقۇقىنى چەكلەش قاتارلىق بىر تۈركۈم ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە يەنە بىر قېتىم تونۇتتى.



# شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرىنى يېڭىدىن سايلاپ چىقتى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەزا تەشكىلاتى بولغان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە سايلام يىغىنى 2025-يىلى 16-ئاۋغۇست جەمئىيەتنىڭ فاتىھ رايونىدىكى مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، رەئىس ۋە ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرى يېڭىدىن سايلاپ چىقىلدى.

سايلام يىغىنىغا جەمئىيەتنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرى تولۇق قاتناشقان بولۇپ، يىغىن كۆنتەرتىپى بويىچە سايلام جەمئىيەت نىزامنامىسىغا ئۇيغۇن تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلانغان يىغىندا، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتى ئالىي شۇرا ھەيئىتى رەئىسى دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، بۇ قېتىمقى سايلام ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالدى. كېيىن سايلامغا قاتناشقۇچىلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدانىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ كىشىلىك سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى.

يىغىنىدا سايلام كومىتېتى تەرىپىدىن سايلام قائىدىلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاش ئۈچۈن، ئەركىن ۋە مەخپىي بېلەت تاشلاندى. سايلام كومىتېتىنىڭ بېلەتلەرنى ساناپ چىقىشى نەتىجىسىدە، مۇساجان ئەر، ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان، دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر، پىروفېسسور، دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھىيار، تۇردى سىدىقئوغلى (مۆمىنجان)، ئابدۇرېھىم ئەزىزئوغلى (نېمەتۇللاھ ھاجىم)، ئابدۇسالام تەكلىماكان قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان يېڭى ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئېرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىدارە ھەيئىتى ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئارقىدىن سايلانغان يەتتە كىشى ئايرىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە مالىيە مەسئۇللىرىنى سايلاپ چىقتى. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە مۇساجان ئەر، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان، باش كاتىپلىققا ئابدۇسالام تەكلىماكان، مالىيە مەسئۇللۇقىغا تۇردى سىدىقئوغلى سايلاندى. پىروفېسسور، دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھىيار، دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر ۋە ئابدۇرېھىم ئەزىزئوغلى قاتارلىقلار ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى بولۇش سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تەپتىش ھەيئىتى ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باش مۇپەتتىشلىككە دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا سايلاندى. دوكتور ئەلى روزى ئۆزئۇيغۇر ۋە مەردان ئۇيغۇر تەپتىش ھەيئىتى ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.



# قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر مەسچىت قەھۋەخانىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان دىنىي باستۇرۇش سىياسىتىدە ئون نەچچە مىڭ مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن ۋە ياكى قەھۋەخانا، مەيخانىلارغا ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، يېقىندا تارقالغان بىر سىن قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر مەسچىتنىڭ خىتاي تەرىپىدىن قەھۋەخانىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

خىتاينىڭ دوۋيىن سۇپىسىدا ئىككى كۈن بۇرۇن تارقىتىلغان بىر سىندا قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كونىشەھەر رايونىغا جايلاشقان يېڭى بازار مەسچىتى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، سىندىكى كۆرۈنۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەسچىتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى، قۇببىلىرى، ئىشىكلىرى ساقلاپ قېلىنغان، ئەمما ئىچكى قىسمى پۈتۈنلەي قايتا ئۆزگەرتىلىپ، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان قەھۋەخانىغا ئايلاندۇرۇلغان.

بۇ مەسچىتنى بىلىدىغان شەخسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر مەسچىت 2013-يىلى يېڭىلاپ سېلىنغان بولۇپ، ئورنى قاراقاش چوڭ جامەسىگە ۋە بۇلاق كەچلىك بازىرىغا يېقىن ئىكەن. ئۇندىن باشقا، مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا چوڭ بىر قەبرىستانلىق بار بولۇپ، سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەبرىستانلىقمۇ ئاللىبۇرۇن تۈزلىۋېتىلگەن.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردا مەزكۇر مەسچىت جايلاشقان كوچىنى



قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن يېڭىدىن ياساپ چىققان بولۇپ، «قاراقاش قەدىمىي شەھىرى» دەپ نام بەرگەن ۋە قاراقاشتىكى نۇقتىلىق ساياھەت رايونىغا ئايلاندۇرغان. مەزكۇر مەسچىت ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقات ئۈچۈن چېقىلماي قالدۇرۇپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئىبادەت پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان بىر قەھۋەخانىغا ئايلاندۇرۇلغان. بۇلاردىن سىرت، مەسچىتنىڭ ئالدىمۇ ساختا تەشۋىقات ئۈچۈن ۋىدىيولار ئىشلىنىدىغان، سۈرەتكە چۈشىدىغان نۇقتىغا ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، خىتاي يېقىندا پىلانلىق تەكلىپ قىلغان چەت ئەللىك ياللانما تور مەشھۇرلىرىنىڭ مەزكۇر مەسچىت ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ۋىدىيو ئىشلەۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالماقتا.

ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) 2020-يىلى ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا، سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىگە ئاساسەن، خىتاينىڭ تەخمىنەن 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنى چېقىۋەتكەنلىكىنى ياكى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققانىدى. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان بىر قىسىم سىنلار بۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىللىمەكتە.





# خىتاي ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» خەلقئارالىق يىغىنىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى




شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان، تېررور سىياستى يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي بۇ ھەپتە ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى» خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق دۆلەت، رايوننىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان.

خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 26-ئاۋغۇست «يېڭى ۋەزىيەتتە يەر شارى مىقياسىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكنى ئىدارە قىلىش: رايون ۋە خەلقئارالىق مەسئۇلىيەت» تېمىسى بويىچە 3-نۆۋەتلىك ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى» خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە

ئۆتكۈزۈلگەن. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ج خ مىنىستىرلىقى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت» ۋە خىتاينىڭ تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنداقلا رۇسىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مىسىر، ئافرىقا ئىتتىپاقى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون تەشكىلاتلىرىدىن يۈزگە يېقىن كىشى ئېچىلىش مۇراسىمى، مۇنبەر ۋە يېپىلىش مۇراسىمغا قاتناشقان.

خىتاي يىغىندا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يەر شارى تەرەققىيات تەشەببۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاتالمىش «تېررورلۇق» ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تۇپراقنى يوق قىلىشى، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىق مۇداپىئە سىزىقىنى مۇستەھكەملىشى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق سۇپىلارنى ياخشى ئىشلىتىپ ھەمكارلىشىشى، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشتىكى زۆرۈر مەسىلىلەر ۋە يېڭى خىرىسلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

خەۋەردە مۇنبەرگە قاتناشقانلارنىڭ ھەر بىر دۆلەت ھەر قانداق شەكىلدىكى تېررورلۇققا قەتئىي زەربە بېرىشى، قوش ئۆلچەم قوللانماسلىقى، تېررورلۇقنى مەخسۇس دۆلەت، مىللەت ۋە دىن بىلەن باغلىماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى، شۇنداقلا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش» تەجرىبىلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۆگىنىشىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى دەۋا قىلىنغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىجرا قىلىشتا ئاتالمىش «تېررورلۇققا




قارشى تۇرۇش»نى باھانە قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق تېررور سىياستى يۈرگۈزمەكتە. مەزكۇر خەلقئارالىق يىغىننىڭ مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزۈلۈشى خىتاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى پەردازلاشتا، ئىنكار قىلىشتا ۋاستە تاللىمايدىغان ۋەھشىيانە يۈزىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دىققەت تارتىدىغان يەنە بىر نۇقتا بولسا، مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ قوللىشى ۋە خىتاي خەلقئارالىق مەسىلىلەر تەتقىقات ئورنى بىلەن دۇنيا مۇسۇلمان جامائەتلەر كېڭىشىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن. ئەلى راشىد نۇئەيمى باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جامائەتلەر كېڭىشى» مەزكۇر يىغىندىن سىرت، يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىجراچىلىرى بىلەن مەخسۇس كۆرۈشۈپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى»گە بېرىپ يىغىن ئۆتكۈزگەن ۋە شۇنداقلا ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازار مەسچىتىنى زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ ئىسلامىي مىراسلارنى قوغدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جامائەتلەر كېڭىشى» 2023-يىلى 1-ئايدىمۇ





كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىن باشچىلىقىدا زىيارەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بارغانىدى ۋە ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىپلا قالماي، «مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق هوقۇقلىرىدىن بەهرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى»غا ئوخشاش خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقات ئىبارىلىرىنى تەكرارلىغانىدى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ بۇ نومۇسسىز قىلمىشى پۈتۈن دۇنيادا كۈچلۈك غەزەپ ۋە نارازىلىق قوزغىغان بولۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن 30 دىن ئارتۇق نوپۇزلۇق ئۆلىما ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئىستانبۇلغا يىغىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئورتاق باياناتت ئېلان قىلغانىدى. 50 نەچچە تەشكىلات ئىمزا قويغان مەزكۇر باياناتتا خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە ماسلاشقان ئەلى راشىد نۇئەيمىن باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جامائەتلەر كېڭىشى»نىڭ ئىسلام دۇنياسىغا، مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆلىما دېگەن نامغىمۇ لايىق ئەمەسلىكى، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى، ئىشغالىيەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەنىدى.

# خىتاي شەرقىي تۈركىستان چېگراسىدا قوراللىق مانېۋىر ئۆتكۈزدى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىشنى كۆپلەپ تەكىتلەۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، شەرقىي تۈركىستاندا يەنە بىر قېتىملىق ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» قوراللىق مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 26-ئاۋغۇست شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەلۇم چېگرا رايونىدا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە چۆچۈتۈش – 2025» نامدا بىرلەشمە قوراللىق مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلگەن. مانېۋىرغا خىتاينىڭ ئارمىيە، ساقچى، دۆۋزىيە قىسىملىرىدىن 1700 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتۇرۇلغان. چېن شياۋجياڭ، چېن مىڭگو، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىق خىتاي ئەمەلدارلىرى مانېۋىرنى كۆرۈشكە قاتناشقان. خىتاي خەۋەرلىرىدە قوراللىق مانېۋىرنىڭ ئېنىق ئورنى تىلغا ئېلىنمىغان.

خەۋەردە بۇ قېتىملىق مانېۋىرنىڭ سىرتتىن كىرىش خاراكتېرلىك




تېررورلۇق ھۇجۇمى خەۋپ-خەتىرىنى تىزگىنلەش، ئەمەلىي جەڭگە تەشكىللەش، قوماندانلىق ئۇنۇمىنى تەكشۈرۈش، ھەرقايسى قىسىملارنىڭ بىرىكمە كۈچى ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

مانېۋىردا ئايرىم-ئايرىم ھالدا چېگرا لىنىيەسىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندە قىلىشقا قايتۇرما زەربە بېرىش، چېگرا ئېغىزىدا سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، ئېگىزلىك تاغلىق رايونلىرىدا تازىلاش، زەربە بېرىش، چېگرادىكى نۇقتىلىق نىشانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتىن مۇداپىئەلىنىش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلەر ئىجرا قىلىنغان.

ئوخشاش كۈندە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى» ئۈرۈمچىدە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، شى جىنپىڭنىڭ ئاتالمىش «چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرى»نى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرغان. يىغىندا چېن شياۋجياڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايغا نىسبەتەن بەش چوڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇننىڭ بىرى ئىكەنلىكى، شى جىنپىڭنىڭ چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى يوليورۇقلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى، مۇقىملىقنى تۇتۇش ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالغان.

خىتاي بۇ يىل 28-ئاپرېلدىمۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» قوراللىق مانېۋىرى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، چېگرا قىسىملىرى، دېڭىزىيە قىسىملىرى قاتارلىقلاردىن 4000 ئەسكەر قاتناشتۇرۇلغانىدى. خەۋەرلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى مانېۋىرنىڭمۇ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا مەركەزلەشكەنلىكى، شۇنداقلا چەت ئەلدىن كىرگەن ئاتالمىش «تېررورلۇق كۈچلىرى»دىن مۇداپىئەلىنىش تەكتىلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغانىدى.

خىتاي يېقىنقى مەزگىللەردە ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى ئالاھىدە تەكىتلەۋاتقان ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار پائالىيەتلىرىنى كۆپەيتىۋاتقان بولۇپ، خۇسۇسەن «سىرتتىن كىرگەن تېررورلۇق كۈچلىرى خەۋپى» ئىبارىسىنى كۆپلەپ تەكىتلىشى دىققەت قوزغىماقتا.




خىتاي ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بارلىق ۋاسىتىلەرنى
ئىشقا سېلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى
نوپۇس چەكلەش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

## شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No:6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+902125403115 +905538951933 +905417977700